


# نۇرلان

## ئاكادېمىيەسى

ئىلىم بىلەن يۇكسەلگەن ئەۋلادلار، ئىسلامىي قىممەت قاراشلار بىلەن بەرپا قىلىنغان ئەتە!

**نۇرلان ئاكادېمىيەسىنى تونۇشتۇرۇش**



# ھەققمىزدە

مەكتىپىمىز 2020 - يىلى ئىستانبۇلنىڭ كۈچۈكچەكمەجە رايوندا پاتىمە ئۇستاز ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «نۇرلان جەمئىيىتى» نامىدا قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلىم بىلەن ئەخلاقنى ئۆزئارا بىر گەۋدە قىلغان ئاساستا ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىگە نىشان قىلىپ كەلگەن.

نۇرلان جەمئىيىتى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەكىللەنگەن مائارىپ ئەندىزىسى ئارقىلىق ئىلىمنى ھېكمەت بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغان، دىني، مىللىي ۋە مەنىۋى قىممەت قاراشلارغا ئىگە ئېتىقادلىق، جەمئىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، بىلىملىك ۋە ئەخلاق پەزىلەتلىك مۇسلىمەلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز ئىزدەنمەكتە ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرماقتا.

بىزنىڭ ھەر ئىككى مائارىپ مەركىزىمىزدىكى تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار كوللېكتىپىمىز ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بىلىم، ئىقتىدار ۋە ئەخلاق قارىشىنىڭ يەنىمۇ يۈكسىلىشى، كەلگۈسى نىشانىنى تېخىمۇ ئېنىق بەلگىلىيەلىشى، ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە تەرەققىي قىلدۇرالىشى ئۈچۈن، كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ياردەمچى بولۇۋاتىمىز ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملاشقۇسى.

شۇڭا مەكتىپىمىزدە، مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئوخشاش بولمىغان ياش گۇرۇپپىلىرىغا قارىتا قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى، ھاپىزلىق، ئىسلامىي ئىلىملەر ۋە تىل ئۆگىنىش (ئەرەبچە، تۈركچە، ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە) دەرسلىرىدىن باشقا، يەسلى مائارىپى ۋە تۈركىيە مائارىپ سىستېمىسىدىكى مەكتەپ دەرسلىرىمۇ سىستېمىلىق ھالەتتە ئېلىپ بېرىلماقتا.

بىز يەنە خەلقئارالىق مائارىپ ھەمكارلىقلىرى ۋە دۇنيادا ئېتىراپ قىلىنىدىغان گۇۋاھنامە (ئىجازەت) پىروگراممىلىرىمىز ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئالىي مائارىپتا تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەمدە  بولىمىز. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىرائەت ۋە ئىسلامىي ئىلىملەر ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىجازەتنامە پىروگراممىلىرىمىز ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىلىم - پەن بىلەن قوراللانغان، كۆپ ئىقتىدارلىق مۇسلىمەلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىمىز.

# ھەققمىزدە

### تەربىيەلەش مەركەزلىرىمىز

مەكتىپىمىزدە زامانىۋىي ۋە بىخەتەر بولغان ، تولۇق ئەسلىھەلەشكەن ، ئىككى تەربىيەلەش مەركىزىمىز بار.

### 30
### نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىشچى - خىزمەتچى

تەجرىبىلىك قوشۇندىن تەركىپ تاپقان ، كەسپلەشكەن ، مۇكەممەل بىر ئوقۇتۇش سىستېمىسى

### 400+
### دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى

ئوخشاش بولمىغان ياشتىن شەكىللەنگەن ئوقۇغۇچىلار

### ئىلمىي ۋە مەنىۋى تەربىيە

ئىلمىي قىممەت قاراش بىلەن ئەخلاقىي قىممەت قاراش بىرلەشتۈرۈلگەن مۇكەممەل تەلىم - تەربىيە سىستېمىسى يۈزتۇرانە ئوقۇتۇش ۋە يىراقتىن ئوقۇتۇش

### يۈزتۇرانە ئوقۇتۇش ۋە توردىن ئوقۇتۇش

بىرلەشتۈرۈلگەن ئاممىباب ئوقۇتۇش ئۇسۇلى

### 2020-
### يىلىدىن بۇيان

ئىلمىي ۋە مەنىۋىي تەربىيە بىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپ قۇرۇلمىسى بويىچە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## غايىمىز

دىنىي ۋە مىللىي قىممەت قاراشلارغا سادىق، ئۆزى ئۆچرىغان مەسلىلەر ۋە ئېھتىياجلىق ئۆچۈرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىزدىنىدىغان، بىلىملىك، ئېسىل پەزىلەتلىك ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق، كەلگۈسىگە كۈچ - قۇۋۋەت بېرەلەيدىغان ئەۋلادلارنى تەقدىم قىلىشتۇر.

## بۇرچىمىز

كېلەچىگىمىزنى ، دىنى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللانغان، گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە مەسئۇلىيەتچان ئەۋلادلار بىلەن قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، شۇنداقلا ئۆز ئالدىغا ئۆرنەك بولالىغۇدەك بىر مائارىپ ئورگىنىغا ئايلىنىشتۇر.

## مائارىپ چۈشەنچىمىز

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي مىراسلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆرنەك قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلغان ھەمدە ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى نىشان قىلغان مائارىپ چۈشەنچىسىدۇر.

# مائارىپ چۈشەنچىمىز

## مائارىپ قارىشىمىز:

قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئاساسلانغان، ئاكادېمىك ۋە مەنىۋى تەرەققىياتنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن مائارىپ قارىشى.

## مائارىپ پىروگراممىلىرى قايسى ياش تۈردىكىلەرگە قارىتىلغان؟

مەكتەپ يېشىدىن ئىلگىرىكىلەر (يەسلى)، باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە ئالىي مائارىپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان مائارىپ پىروگراممىلىرى بىلەن ئەتراپلىق تەمىنلەيمىز.

## تەربىيەلەش ئۇسۇللىرىمىز:

ئەستايىدىل، تەرتىپلەشكەن ۋە سىستېمىلىق ئوقۇتۇش پىروگراممىسى، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئالىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ قىزىقىشى، نىشانى ۋە تەرەققىياتىنى ئاساس قىلغان

## سىنىپ دەرىجىلىرى:

ياش ۋە سەۋىيەگە قارىتا ئايرىش، كىچىك گۇرۇپپىلاردا يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەربىيەلەش.

## مائارىپ سىستېمىسى:

پۈتۈن كۈنلۈك تەربىيەلەش، يېرىم كۈنلۈك تەربىيەلەش ۋە تور ئارقىلىق ئوقۇش ئىمكانىيىتى.

# ئوقۇتۇش پىروگراممىلىرىمىز

ئوقۇغۇچىلىرىمىز تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دىنىي ئىلىملەر، تەبىئىي پەنلەر ۋە ئاكادېمىك جەھەتتىن تولۇق يېتىشكەن ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ چىقىشى نىشان قىلىنغان ئاساستا، تۆۋەندىكى دەرسلەردە سىستېمىلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك پروگرامما ئاساسىدا تەربىيەلىنىدۇ

- ئەرەب تىلى
- تەپسىر
- تەجۋىد
- قۇرئانى كەرىم
- سىيرەت
- ئەقىدە (ئىمان)
- فىقھى ئۇسۇلى
- فىقھى
- بالاغەت
- سەرپ
- نەھۋى
- ھەدىس
- ئانا تىل (ئۇيغۇرچە)
- پەرائىز (مىراس ھوقۇقى)
- مەنتىق
- ئەرەب ئەدەبىياتى
- كومپيۇتېر
- ماتېماتىكا
- تۈرك تىلى
- ئىنگلىز تىلى

# سەفاكۆي يېشىل ئوۋا تەربىيەلەش مەركىزى



ئاشخانا



مەسچىت



سىنىپ




مەركىزىمىزنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى



ئوقۇغۇچىلار ياتىقى



ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى



مەمۇرىيەت ئىشخانىسى



كۇتۇپخانا

# سەفاكۆي كامالپاشا تەربيەلەش مەركزى



قاريلىق سنىپى



سنىپ



يەسلى



مەسچىت



مەمۇريەت ئىشخانىسى

# پائالىيەتلەر

ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئاكادېمىك تەرەققىياتى بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي، مەنىۋى - مەدەنىيەت جەھەتتىن
يۈكسىلىشىگە ياردەم بېرىدىغان بىر - بىرىدىن ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلىرىمىزنى تەقدىم ئېتىمىز

## مەنىۋى پائالىيەتلەر






## ئېكسكۇرسىيە ۋە تۈرلۈك تەتقىقات پائالىيەتلىرى






## ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرى






## ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر






# نەتىجىلىرىمىز

**سەككىز ئوقۇغۇچىمىز**

5 يىللىق ئىسلامىي ئىلىملەر پروگراممىسى بويىچە ئوقۇشنى ئۇتۇقلۇق تاماملاپ، 2025 - يىلى «فاتىھ سۇلتان مەھمەت ۋەقىپ ئۇنىۋېرسىتېتى»غا قوبۇل قىلىندى ۋە ئوقۇشلۇق ھالدا ئالىي مائارىپ ھاياتىنى باشلىدى.

**50 ئوقۇغۇچىمىز**

«خەلقئارالىق مائارىپ ھەمكارلىقى ۋە خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىدىغان ئوقۇش گۇۋاھنامىسى» پروگراممىلىرىمىز دائىرىسىدە، ئىسلامىي ئىلىملەر تەربىيەسىنى قوبۇل قىلماقتا.

**40  ئوقۇغۇچىمىز**

«قۇرئان كەرىمنى تاماملاپ» قارىيلىق گۇۋاھنامىسى ئېلىش شەرىپىگە ئېرىشتى.

**40  ئوقۇغۇچىمىز**

تاماملىغاندىن كېيىن قارىيلار قىرائەت ئىلمىدىمۇ نەتىجىگە ئېرىشىپ، «قۇرئان ئىجازەتنامىسى» ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى.

**سەككىز ئوقۇغۇچىمىز**

كەڭ ۋە تەرتىپلىك تەييارلانغان «ھەدىس ئىجازەتنامىسى»نى ئۇتۇقلۇق تاماملاپ، ھەدىس ئىجازىتىگە ئېرىشتى.

# كۆپ سورىلىدىغان سوئاللار

| | |
|---|---|
| تەربىيەلەش ھەقلىقمۇ؟ | ياق، مائارىپىمىز پۈتۈنلەي ھەقسىز. |
| ماشىنىدا ئاپىرىپ - ئەكېلىش مۇلازىمىتى بارمۇ؟ | ئاپىرىپ - ئەكېلىش مۇلازىمىتىمىز يوق. |
| تاماق بېرىلەمدۇ؟ | ھەئە، تاماق بېرىلىدۇ. |
| دەرس تۈرلىرى ۋە مەزمۇنى ئۆزگىرىپ تۇرامدۇ؟ | شۇنداق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ۋە سەۋىيەسىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. |
| ھەپتە ئاخىرىدا پائالىيەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلامدۇ؟ | پائالىيەتلىرىمىز يىللىق ئوقۇ - ئوقۇتۇش پىلانىمىزغا ئاساسەن تەشكىللىنىدۇ. |

# كۆپ سورىلىدىغان سوئاللار

| | |
|---|---|
| مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ئاتا - ئانىلارغا قانداق يەتكۈزۈلىدۇ؟ | مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ئاتا - ئانىلارغا ئايلىق يىغىنلار، WhatsApp گۇرۇپپىلىرىدىكى ئۇچۇرلار ۋە ئايرىم كۆرۈشۈشلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ. |
| تەربىيەلەش مۇددىتى قانچە يىل؟ | تەربىيەلەش مۇددىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ دەرىجىسى ۋە ياش گۇرۇپپىسىغا ئاساسەن پەرقلىنىدۇ. ھەپتىلىك دەرس پىروگراممىسىمۇ سىنىپلارغا قارىتا ئوخشاش بولمايدۇ. |
| قۇرئان يادلاش سىنىپلىرى بارمۇ؟ | ئەلۋەتتە بار. |
| تىزىملىتىش ئۈچۈن ياش چەكلىمىسى بارمۇ؟ | تىزىملىتىش – مەكتەپ يېشىغا يەتكەنلەر (باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ باسقۇچلىرى)غا ئاساسەن ئايرىم-ئايرىم بەكىتىلىدۇ. |
| ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى يېتەكچىلىك پىروگراممىسى بارمۇ؟ | ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە يېتەكچىلىك ۋە ياردەم بېرىش پىروگراممىلىرىمىز داۋاملىشىدۇ. |

ھەرقانداق سوئال ۋە ئالاقىدار ئۇچۇرلار ئۈچۈن، بىز بىلەن ئالاقىلاششىڭىز بولىدۇ.

# ئالاقىلىشىش ئۇچۇرلىرى ۋە ئادرېسىمىز

## ئادرېس

**فەۋزى چاقماق (Fevzi Çakmak) تەربىيەلەش مەركىزى**

Fevzi Çakmak Mah. Şair Şinasi
Sokak no:22 Küçükçekmece /
İSTANBUL
TÜRKİYE

**يېشىلئوۋا (Yeşilova) تەربىيەلەش مەركىزى**

Yeşilova mah. çukur sk. no 30
Küçükçekmece / İSTANBUL
TÜRKİYE

## ئالاقىلىشىش ئۇچۇرلىرى

ئادرېس
Fevzi Çakmak Mah. Şair Şinasi
Sokak no:22 Küçükçekmece / İSTANBUL
TÜRKİYE

تېلېفون نومۇرى
0531 832 39 99

ئېلخەت
info@nurlanegitim.com

تور بەت
www.nurlanegitim.com

ئىش ۋاقتىلىرىمىز:
دۈشەنبە - جۈمە: 17.30-08.30
شەنبە: 13.00-09.00

تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرىمىز
شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ
ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ھەم قولاي ھەم
سۈپەتلىك تەلىم تەربىيە شارائىتى
يارىتىپ بېرىدۇ



# ھەمكارلىق ۋە ياردەم چاقىرىقى

كېلەچەكنىڭ ئىلىملىك، ئەخلاقلىق ۋە مەسئۇلىيەتچان ئەۋلادلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان مائارىپ پائالىيەتلىرىمىزنى، سىزلەرنىڭ قىممەتلىك ياردىمىڭلار بىلەن تېخىمۇ كەڭ ئاممىغا يەتكۈزۈشنى نىشانلاۋاتىمىز.

نۇرلان ئاكادىمىيەرىمىز قۇرئانى كەرىم تىلاۋىتى، قۇرئان يادىلاش، ئىسلامىي ئىلىملەر، ئانا تىل، ئاكادېمىك مائارىپ ۋە چەت ئەل تىلى ساھەلىرىدە سۇنغان سۈپەتلىك پروگراممىلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ھەم ئىلىم، ھەم روھىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا تۆھپە قوشماقتا. ماددىي ئىمكانىيىتى چەكلىك بولغان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلىرىمىز، ساخاۋەتچىلىرىمىزنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئوقۇش ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ.

سىزلەرنىمۇ بۇ خەيرلىك ئىشقا ۋەسىلە بولۇشقا، ئوقۇش  ياردەم پۇلى (بورس)، ئەلا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئوقۇش مۇكاپاتى،مائارىپ ماتېرىياللىرى، مائارىپ مەركىزىنىڭ چىقىملىرى ۋە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۈرلەرگە ياردەمدە بولۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلەچەك مائارىپى ئىلىم ۋە ئىرپان ئىگىسى بولغان ئەۋلادلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن،ھەر بىر ئىلىم سۆيەر قېرىنداشلىرىمىزنى سېپىمىزگە   قوشۇلۇپ بىزنى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللىشىنى ۋە سالىھ دۇئالىرىدا بولىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

سىز قىلغان ھەر بىر ياردەم بىر ئوقۇغۇچىنىڭ مائارىپىغا، بىر ياشنىڭ كېلەچىكىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەتىسىگە سېلىنغان مەڭگۈلۈك بىر سېلىنما (مەبلەغ) بولۇپ قالىدۇ.

ئىلىمنىڭ يېيىلىشىغا ۋە خەيرلىك ئەۋلادلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا قوشقان تۆھپىڭىز ئۈچۈن ئاللاھتىن ئىقتىسادىڭىزغا بەرىكەت،ئائىلىڭىزگە خاتىرجەملىك،پەرزەنتلىرىڭىزگە مەنپەئەتلىك ئىلىم،قىلغان ھەربىر ياخشىلىقىڭىزنى سەدىقە جارىيە ( مەڭگۈلۈك ياخشىلىق) سۈپىتىدە قۇبۇل قىلىشىنى سورايمىز،ھەممىدە تەشەككۈر ئېيتىمىز،

TR64 0020 3000 0880 8995 0000 02 ₺
TR64 0020 3000 0880 8995 0000 02 $
TR37 0020 3000 0880 8995 0000 03 €

NURLAN EĞITIM KÜLTÜR DERNEĞİ



